# «شى جىنپىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدا»نىڭ پورتۇگال يېزىقىدىكى بىرازىلىيە نەشرىنى تۇنجى تارقىتىش مۇراسىمى سان پاۋلودا ئۆتكۈزۈلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

لياڭ يەنشۈن سۆزدە مۇنۇلارنى بىلدۈردى: «شى جىنپىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدا»دا شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ تەرەققىيات تومۇرى ۋە ئاساسىي مەزمۇنى جانلىق خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇ جۇڭگو يولىنى شەرھلەش، جۇڭگو مۆجىزىسىنى چۈشەندۈرۈش، ئىنسانىيەت دۇچ كەلگەن ئورتاق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئەقىل ـ پاراستىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئۇنىڭ ئىدىيەۋى جەۋھىرى ئاساسلىقى خەلقنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇشتەك خەلقچىللىق قارىشى، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتتىن ئىبارەت تەرەققىيات قارىشى، ئىسلاھاتنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بېرىشتەك ئومۇمىيۈزلۈك ئىسلاھات قارىشى، مەدەنىيلىك ئالماشتۇرۇش ـ ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىشتەك مەدەنىيلىك قارىشى، ئورتاق كېڭىشىش، ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق بەھرىلىنىشتەك يەر شارىۋى ئىدارە قىلىش قارىشىدا چىڭ تۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىپادىلەنگەن. بۇ كىتابنىڭ نەشر قىلىنىپ تارقىتىلىشى جۇڭگو بىلەن بىرازىلىيەنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى تەرەققىياتىنىڭ يېڭى مۇساپىسىنى باشلاشقا يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى قوشتى.

چېن پېيجيې سۆزدە مۇنداق دېدى: بۇ كىتابتا مول دىپلوماتىيە ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت ئىدىيەسى گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولۇپ، جۇڭگونىڭ دۇنيا تىنچلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى، يەر شارى تەرەققىياتىنىڭ تۆھپىكارى، خەلقئارا تەرتىپنىڭ قوغدىغۇچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن دۇنيانىڭ تىنچلىقى، مۇقىملىقىنى قوغداش، ئىنسانىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن قوشقان ئەقىل ـ پاراستى ۋە لايىھەسى ئومۇمىيۈزلۈك نامايان قىلىنغان. بىرازىلىيەدىكى ئوقۇرمەنلەر بۇ كىتاب ئارقىلىق جۇڭگونىڭ دۇنيا ۋە خەلقئارا ئىشلارغا بولغان قارىشى ۋە تەشەببۇسلىرىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنەلەيدۇ، جۇڭگونىڭ دىپلوماتىيە سىياسىتى ۋە ئەمەلىيىتىنى چۈشىنەلەيدۇ.

دورىيا سۆزدە مۇنداق بىلدۈردى: جۇڭگونىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش جەھەتتە بىرازىلىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۆلەتلەرنىڭ ئۆگىنىشىگە ئەرزىيدىغان نۇرغۇن تەرەپلىرى بار. ئۇ بىرازىلىيە تەرەپ خەلقىنىڭ «شى جىنپىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدا»نىڭ پورتۇگال يېزىقى نەشرىنى ياخشى ئوقۇشنى ھەم ئۇنىڭدىن جۇڭگونىڭ قىممەتلىك تەجرىبىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، تەرەققىيات يولىدىكى تۈرلۈك خىرىسلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش كۈچىنى مۇجەسسەملىشىنى ئۈمىد قىلدى.

تۇنجى تارقىتىش مۇراسىمىدا، ئىككى تەرەپنىڭ ئەزىز مېھمانلىرى بىرلىكتە يېڭى كىتابنىڭ يوپۇقىنى ئاچتى، جۇڭگو تەرەپ بىرازىلىيە تەرەپ ئەزىز مېھمانلىرىغا يېڭى كىتاب سوۋغا قىلدى. جۇڭگو ـ بىرازىلىيە ئىلمىي ساھەسى، تەرجىمە ساھەسى، نەشرىيات ساھەسىدىكى ۋەكىللەر ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتى، جۇڭگو ـ بىرازىلىيەنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش تەجرىبىسى قاتارلىقلارنى چۆرىدەپ پىكىر ئالماشتۇردى، مۇھاكىمە قىلدى.

بۇ قېتىمقى پائالىيەتنى جۇڭگو گوۋۇيۈەن ئاخبارات ئىشخانىسى، جۇڭگونىڭ بىرازىلىيەدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسى، جۇڭگو چەت ئەل تىل ـ يېزىقى نەشرىياتچىلىق ـ تارقىتىش ئىشلىرى ئىدارىسى، جۇڭگونىڭ سان پاۋلودا تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىسى باش بولۇپ ئۇيۇشتۇرغان بولۇپ، 11 ـ ئايدا بىرازىلىيەدە ئۆتكۈزۈلىدىغان كىسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى رەھبەرلىرىنىڭ 11 ـ قېتىملىق ئۇچرىشىشىدىكى مۇھىم يۈرۈشلۈك پائالىيەتلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

10 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، 2019 كىسەك ئالتۇن دۆلەتلىرىنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش مۇھاكىمە يىغىنى ۋە «بىرازىلىيە ئارزۇسىغا ئىنتىلىش. جۇڭگو ـ بىرازىلىيە پۇتبول كاتتا مەرىكىسى»دىن ئىبارەت ئىككى مەيدان پائالىيەت بىرازىلىيەنىڭ رىئودې ژانېيرودا ئۆتكۈزۈلدى.

# بايىنغولىن ئوبلاستى قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشى «نەتىجە تېزلىكى»نى چىقاردى

**مەركەزنىڭ قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش نازارەتچىلىكى ـ يېتەكچىلىكى شىنجاڭدا**

□ مۇخبىرىمىز ياڭ شۈخەن، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز ئەن شياۋفېڭ

«پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بىز پۇقرالار ئۈچۈن ئاپەتنى يوقاتتى، ھازىر تۇرمۇشىمىز تېخىمۇ خاتىرجەم، تېخىمۇ بەختلىك!» چاقىلىق ناھىيەسى ۋاششەرى بازىرى ئۇدۇل ئۆستەڭ كەنتىدىكى «كۆش زومىگەرى» روزى تۇرسۇن باشچىلىقىدىكى قارا، رەزىل كۈچلەر شايكىسى يوقىتىلغاندىن كېيىن، كەنت ئاھالىلىرى چاۋاك چېلىپ تەنتەنە قىلدى.

قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىنىڭ سىجىل چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى بىرتۇتاش پىلانلاش، يۇقىرى ئۇقتىدىن تۈرتكە بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، زەربە بېرىش تىغ ئۇچىنى ئامما ئىنكاسى ئەڭ كۈچلۈك بولغان، ئامما ئەڭ قاتتىق نەپرەتلىنىدىغان ھەر خىل قارا، رەزىل كۈچلەرنىڭ قانۇنغا خىلاپ جىنايەتلىرىگە قارىتىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى ۋە بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇردى.

## ■ قارا، رەزىل كۈچلەرگە قانۇن بويىچە قاتتىق زەربە بېرىلدى

«جاڭ X بىزنىڭ پېگمىنتلىق مۇچىنى سېتىۋالغاندىن كېيىن قەرزدىن تېنىۋالغانىنى ئاز دەپ، يەنە كالا ـ قوي، خىمىيەۋى ئوغۇتنى بىزگە يۇقىرى باھادا ھېسابلاپ بېرەتتى، سەللا بويسۇنمىساق تەھدىتكە ئۇچرايتتۇق. ھازىر ياخشى بولدى، بۇ شايكا يوقىتىلدى، ئاچچىقىمىز چىقتى!» دېدى 10 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيەسىنىڭ بورقاي يېزىسىدىكى دېھقان مۇ X خۇشال ھالدا.

مۇ X ئېيتقان جاڭ X جەمئىيەتتىكى بىكار تەلەتلەر بىلەن بىرلىشىپ، كۆپ يىللاردىن بۇيان توپلىشىپ جېدەل چىقارغان، پۇقرالارنى بوزەك قىلغان، پۇقرالار ئۇنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، دەردىنى ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالمىغان.

مەخسۇس كۈرەش قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، بايىنغولىن ئوبلاستى پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە تۇنجى مەبلەغنى تەكشۈرۈش ـ كونترول قىلىش مەركىزى قۇرۇپ، دېلولارغا كەسپىي جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسى ۋە كەسپىي دېلو بېجىرىش ئەترىتى قۇرۇپ، ئاپتونوم رايون ۋۇسكا ئېسىپ بېجىرىشكە ھەيدەكچىلىك قىلغان دېلولارغا قارىتا، ھەيدەكچىلىك قىلىش، يېتەكچىلىك قىلىش سالمىقىنى زورايتىپ، مەخسۇس كۈرەشنى چوڭ دېلولارنى رازۋېدكا قىلىپ پاش قىلىش، مالىيە مەنبەسى ۋە يېڭى قان تولۇقلاشنى ئۈزۈپ تاشلاشقا قاراپ كېڭەيتىشكە ئۈزلۈكسىز تۈرتكە بولۇپ، قانۇن بويىچە زەربە بېرىش، دەل جايىدا زەربە بېرىش، تېز زەربە بېرىش ئۈنۈمىنى ئۈزلۈكسىز يەنىمۇ ئاشۇردى.

9 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، دۇ X باشچىلىقىدىكى شەھۋانىيلىققا چېتىشلىق، رەزىللىككە چېتىشلىق شايكا دېلوسى ئەيىبلەشكە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى؛ 9 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، جاڭ X باشچىلىقىدىكى قارا جەمئىيەت خاراكتېرىنى ئالغان تەشكىلات دېلوسىغا 1 ـ سوتتا ھۆكۈم ئېلان قىلىندى؛ 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، چې X باشچىلىقىدىكى قارا كۈچلەرگە چېتىشلىق، رەزىل كۈچلەرگە چېتىشلىق شايكا دېلوسى ئەيىبلەندى، ئاپتونوم رايون ۋۇسكا ئېسىپ بېجىرىشكە ھەيدەكچىلىك قىلغان ئۈچ دېلو قانۇن بويىچە ئوڭۇشلۇق ئەيىبلەندى. مەخسۇس كۈرەش باشلانغاندىن بۇيان، بايىنغولىن ئوبلاستى قارا، رەزىل كۈچلەر شايكىسىدىن جەمئىي 58 نى يوقىتىپ، 43 دېلودىكى 370 ئادەمنى ئەيىبلەپ، 33 دېلودىكى 315 ئادەم ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىپ، دېلوغا چېتىشلىق 200 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مۈلكنى پېچەتلىدى، تۇتۇپ قالدى، توڭلاتتى.

ئۆتكەلگە كۈچلۈك ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق، يېزىلاردىكى زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلغان، زومىگەرلىك قىلغان بىر تۈركۈم قارا، رەزىل كۈچلەرگە قانۇن بويىچە زەربە بېرىلدى، بېسىلىپ قالغىنىغا ئۇزاق يىل بولغان بىر قىسىم ناھەقچىلىك دېلولىرى پاش قىلىنىپ، بايىنغولىن ئوبلاستىدىكى ھەر مىللەت ئاممىغا مەخسۇس كۈرەش ئېلىپ كەلگەن «پايدا» ھەقىقىي ھېس قىلدۇرۇلدى.

## ■ بازاردىكى قالايمىقانچىلىق ھادىسىلىرى ماس قەدەمدە تۈزىتىلدى

قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىشنىڭ ئاچقۇچى زەربە بېرىشتە، نېگىزى تۈزەشكە تايىنىشتا.

قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىشنىڭ «شەرق شاملى»دىن پايدىلىنىپ، بايىنغولىن ئوبلاستى زەربە بېرىشنى ئاساس قىلىشتىن زەربە بېرىش، تۈزەشكە تەڭ ئەھمىيەت بېرىشكە ئۆزگىرىپ، مەخسۇس كۈرەشنىڭ يېتەكچىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، قانۇنغا خىلاپ تۈرلۈك جىنايى قىلمىشلارغا قاتتىق زەربە بېرىپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنىڭ سىجىل ياخشىلىنىشىنى ئالغا سىلجىتتى. بىناكارلىق، بايلىق ئېچىش، قانۇنسىز قەرز پۇل بېرىش، داۋالاش، ساغلاملىق قاتارلىق نۇقتىلىق ساھەلەرنى چىڭ كۆزلەپ، ئون نۇقتىلىق كەسىپ، ساھەنى ئېنىقلاپ، 68 تۈرلۈك ئېنىق ئۆلچەملىك رامكا تۈزۈپ، ساھەلەردىكى قالايمىقان نۇقتا، قالايمىقان ھادىسىلەرنى مەركەزلىك تۈزەتتى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىناكارلىق قۇرۇلۇش، قاتناش ـ ترانسپورت، قېزىلما بايلىق، سودا بازىرى قاتارلىق كەسىپ، ساھەلەرنى كونترول قىلىۋالغان قارا كۈچلەرگە چېتىشلىق، رەزىل كۈچلەرگە چېتىشلىق شايكىلارغا قانۇن بويىچە قاتتىق زەربە بېرىلىپ، كەسىپلەردىكى نۇقتىلىق ساھەلەرنىڭ بازار ئىجازىتى، قېلىپلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش، نۇقتىلىق نازارەت قىلىش ـ تەكشۈرۈش قاتارلىق ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمى تەدرىجىي ئورنىتىلىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، مۇقىم، ساغلام ئىقتىسادىي تەرتىپ ئۈنۈملۈك قوغدىلىپ، ئىقتىسادىي ئېكولوگىيەنىڭ ئۈزلۈكسىز ئەلالىشىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

تونۇشتۇرۇلۇشىچە، بايىنغولىن ئوبلاستى يەنە مەخسۇس كۈرەشنى سودا ـ تىجارەت مۇھىتىنى ياخشىلاش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ھەر قايسى نۇقتىلىق كەسىپلەرنىڭ مەسئۇل تارماقلىرىنىڭ كەسىپلەرنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، كەسىپ ـ ساھەلەرنىڭ ئىچىدىكى قارا، رەزىل كۈچلەرگە چېتىشلىق يىپ ئۇچلىرىنى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش، قالايمىقانچىلىق ھادىسىلىرىنى تۈزەش خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى زورايتىپ، ئىقتىسادىي ساھەدىكى قارا كۈچلەرگە چېتىشلىق، رەزىل كۈچلەرگە چېتىشلىق دېلولاردا ئاشكارىلانغان چوڭقۇر قاتلاملىق مەسىلىلەرنى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تېپىپ، نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش شەكلىنى ياخشىلاش، تۈزۈلمە ـ مېخانىزمنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدىكى پىكىر ـ تەكلىپلەرنى تەتقىق قىلىپ ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

## ■ ساغلام سىياسىي ئېكولوگىيە بەرپا قىلىندى

قارا، رەزىل كۈچلەرنىڭ كۆپ يىل يېزىلاردا زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلىپ، پۇقرالارنى بوزەك قىلىشى «مۇھاپىزەت كۈنلۈكى»نىڭ يول قويۇشى ۋە قانات ئاستىغا ئېلىشىدىن ئايرىلالمايدۇ. بايىنغولىن ئوبلاستى مۇھاپىزەت كۈنلۈكىگە زەربە بېرىپ، مۇناسىۋەت تورىنى بۇزۇش ئاساسىي ھۇجۇم يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، قارا، رەزىل كۈچلەرنىڭ پەردە ئارقىسىدىكى «مۇناسىۋەت تورى»، «مۇھاپىزەت كۈنلۈكى»نى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشنى مەخسۇس كۈرەشتە زەربە بېرىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىپ، ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ۋە ئاممىۋى نازارەتچىلىك، جەمئىيەت نازارەتچىلىكىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە تارماقلىرى بىلەن سىياسىي قانۇن ئورگانلىرىنىڭ ماسلىشىپ ھەمتۈرتكە بولۇشىنى كۈچەيتتى. دادىللىق بىلەن پىچاقنىڭ بىسىنى ئۆزىگە قارىتىپ، سۆڭەكنى قىرىپ زەھەرنى تازىلاپ، قارا، رەزىل كۈچلەرنىڭ «مۇھاپىزەت كۈنلۈكى» بولغان بىر تۈركۈم «ئەمەلدار مۇھاپىزەت كۈنلۈكى»، «جاكىنا مۇھاپىزەت كۈنلۈكى»، «ساقچى مۇھاپىزەت كۈنلۈكى»نى قانۇن بويىچە، ئىنتىزام بويىچە قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى.

ھازىرغىچە، بايىنغولىن ئوبلاستى قارا كۈچلەرگە چېتىشلىق، رەزىل كۈچلەرگە چېتىشلىق چىرىكلىك ۋە «مۇھاپىزەت كۈنلۈكى» مەسىلىسىدىن 255 نى دېلو تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ، 77 ئادەمگە پارتىيە ئىنتىزامى جازاسى، مەمۇرىي جازا بەردى، 32 ئادەمنى ئەدلىيە ئورگانلىرىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. «مۇھاپىزەت كۈنلۈكى»نى چوڭقۇر قېزىش، ئۈزۈل ـ كېسىل تەكشۈرۈش ئارقىلىق، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار قوشۇنىدىكى زىيانداشلارنى تازىلاپ، پارتىيە ئىستىلى، ھۆكۈمەت ئىستىلىنى ساپلاشتۇرۇپ، قانۇننى ھۆرمەتلەپ، ئەخلاقنى ياقلاپ، ئادالەتنى ياقلاپ، رەزىللىكنى تۈگىتىش توغرا كەيپىياتىنى تېخىمۇ ئەۋج ئالدۇردى.

«مەنبە سۈزۈك بولسا ئېقىن سۈزۈك بولىدۇ، مەنبە دۇغ بولسا ئېقىنمۇ دۇغ بولىدۇ.» ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى ئاجىز، چېچىلاڭغۇ بولۇپ، ئاساسىي قاتلامنى ئىدارە قىلىشتا يېتەرلىك سىياسىي يېتەكچىلىك، تەشكىلىي كاپالەت ۋە جەمئىيەت مەدەتتى كەم بولسا، قارا، رەزىل كۈچلەر پەيدا بولۇش، يامراش بوشلۇقىغا ئىگە بولىدۇ. مەخسۇس كۈرەش داۋامىدا، بايىنغولىن ئوبلاستى ئاساسىي قاتلامنى كۆزلەشتە چىڭ تۇرۇپ، ئاجىز، چېچىلاڭغۇ ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى سىجىل تەرتىپكە سېلىپ، كەنت دەرىجىلىك نامزاتلارنى بىرلىشىپ تەكشۈرۈش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، مەخسۇس كۈرەش بىلەن «كەنت زومىگەرى»نى ۋە ئاجىز، چېچىلاڭغۇ ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى تۈزەشنى ئۈنۈملۈك بىرتۇتاش پىلانلاشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئاساسىنى كۈچلۈك، ئۈنۈملۈك مۇستەھكەملەپ، ئاساسىي قاتلام تۇپرىقىنى ساپلاشتۇردى.

بايىنغولىن ئوبلاستلىق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، سىياسىي ـ قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى جو ۋېيې مۇنۇلارنى بىلدۈردى: قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىنى قانات يايدۇرۇش يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى چىقارغان بىر تۈرلۈك مۇھىم، زور تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرما. بايىنغولىن ئوبلاستى چوڭقۇر قېزىش، يىلتىزىدىن تۈزەشنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، قائىدە ـ تۈزۈم ئورنىتىشقا تۈرتكە بولۇپ، قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىدە يېڭى، تېخىمۇ زور نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدۇ.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

سىكلوئالكىل تەركىبى 50%تىن يۇقىرى بولسا، ئەلا سۈپەتلىك سىكلوئالكىل قويۇق نېفتى ھېسابلىنىدۇ، شىنجاڭ قويۇق نېفتىنىڭ سىكلوئالكىل تەركىبى 69.7%كە يېتىدىغان بولۇپ، نېفت «سىرەك يېرى» ئىچىدىكى ئەڭ ئېسىل مەھسۇلات ھېسابلىنىدۇ، دۇنيادىكى قويۇق نېفتىنىڭ ئېنىقلانغان زاپىسى ئىچىدە بۇ تۈردىكى بايلىقتىن پەقەت 0.15%لا بار بولۇپ، شىنجاڭ نېفتلىكىدىكى ئەلا سۈپەتلىك سىكلوئالكىل قويۇق نېفتى بايلىق مىقدارى 1 مىليارد تونىنىغا يېتىدۇ، ئاساسلىقى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىي چېتىگە تارقالغان.

ھالبۇكى سىكلوئالكىل قويۇق نېفتى ياخشى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بىر خىل يۇقىرى كىسلاتالىق، يۇقىرى كالتسىيلىق، يۇقىرى يېپىشقاقلىق نېفت، ئۇنى قېزىش قىيىن، توشۇش قىيىن، چەككىلەش قىيىن بولغاچقا، زور كۆپ ساندىكى سىكلوئالكىل قويۇق نېفتى ياكى «چاڭ ـ توپا بېسىپ» يەر ئاستىدا كۆمۈلۈپ ياتقان، ياكى «يۈزەكىلا تەتقىق قىلىنىپ بولدى قىلىنغان» بولۇپ، ياخشى ئېچىش ئۈنۈمىگە ناھايىتى ئاز ئېرىشىلگەن.

قويۇق نېفت قېزىشتىكى بىرىنچى قىيىن مەسىلە ئۇنىڭ يېپىشقاقلىقىنىڭ يۇقىرى بولغانلىقىدا، يېلىم تەركىبى يۇقىرى بولغانلىقتىن، ئۇ نېفت ئۇۋۇسى شارائىتىدا لايغا ئوخشاش، ھەتتا سېغىز لايغا ئوخشاش قاتتىق ھالەتتە ياكى يېرىم قاتتىق ھالەتتە يەر ئاستىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان بولۇپ، قېزىشنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى ئىنتايىن زور.

يېپىشقاقلىقى بويىچە ئايرىغاندا، قويۇق نېفتنى ئادەتتىكى قويۇق نېفت، ئالاھىدە قويۇق نېفت ۋە ئادەتتىن تاشقىرى قويۇق نېفت دەپ ئايرىشقا بولىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە، ئادەتتىن تاشقىرى قويۇق نېفتنى قېزىشنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى ئەڭ زور، شىنجاڭ قويۇق نېفتى ئادەتتىن تاشقىرى قويۇق نېفتنى ئاساس قىلغان. گەرچە 20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدىن ئىلگىرى، خەلقئارادا ئوچۇقچىلىقتا قېزىش، يېپىشقاقلىقنى تۆۋەنلىتىش دورىسى قوشۇش، پار كىرگۈزۈش ـ چىقىرىش، پار يارىدەمچى ئېغىرلىق كۈچى ئارقىلىق ماي ئاققۇزۇش قاتارلىق قويۇق نېفت قېزىشنىڭ ئون خىلدىن ئارتۇق تېخنىكىسى شەكىللەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ھەممىسى شىنجاڭ قويۇق نېفتىنى قېزىشنىڭ گېئولوگىيەلىك شارائىتىغا تولۇق ماس كەلمىگەن.

شىنجاڭ قويۇق نېفتىنى قېزىشنىڭ قىيىنلىقى توغرىسىدا توختالغاندا، سۈن شىنگى ئەسلەپ مۇنداق دېدى: «1990 ـ يىلى، بىز فېڭچېڭ نېفتلىكىدە ئادەتتىن تاشقىرى قويۇق نېفتنى سىناق تەرىقىسىدە قازدۇق، سىناق تەرىقىسىدە قېزىپ چىقىرىلغان قويۇق نېفت 20 ـ 30 سېلسىيە گرادۇسقىچە سوۋۇغاندا، قېتىشىپ قاتتىق جىسىمغا ئايلىنىپ قالىدىغان بولۇپ، ئادەم دەسسىسىمۇ قاتتىق تۇيۇلدۇ. مەن ئەينى چاغدا، بۇنداق قويۇق نېفتنى قانداقمۇ قازغىلى بولسۇن؟ ھەقىقەتەن كىشىنىڭ بېشىنى قاتۇرىدىكەن! دەپ ئويلىغانىدىم».

1958 ـ يىلى شىنجاڭ نېفتلىكىدە قويۇق نېفت بايقالغاندىن تارتىپ، 2006 ـ يىلى شىنجاڭ نېفتلىك شىركىتى ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتىشقا تايىنىپ تۇنجى تۈركۈمدىكى ئادەتتىن تاشقىرى قويۇق نېفتنى قېزىشقىچە بولغان بۇ مەزگىلدە، شىنجاڭ نېفتلىك شىركىتىنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى قويۇق نېفت قېزىش رايونى چەت ئەللەردىكى نوپۇزلۇق نېفت ئېچىش شىركەتلىرى تەرىپىدىن ئېچىش چەكلەنگەن رايون دەپ ئۈچ قېتىم ھۆكۈم قىلىنغانىدى. «بەزى چەت ئەللىك مۇتەخەسسىسلەر نەق مەيدانغا كېلىپ تەكشۈرگەندىن كېيىن، قېزىش قىممىتى يوق دەپ قاراپ، بىز بىلەن ھەمكارلىشىشتىن بىۋاسىتە ۋاز كەچكەنىدى»، دېدى سۈن شىنگى.

## ■ كۆپ يىل ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىنىپ، بۆسۈش خاراكتېرلىك نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلدى

خىرىس ئالدىدا، شىنجاڭ نېفتلىك شىركىتى بوشىشىپ قالمىدى. بولۇپمۇ 1996 ـ يىلىدىن بۇيان، شىنجاڭ نېفتلىك شىركىتى دۆلەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىغا تايىنىپ، 1600 نەچچە كىشى قاتناشقان تەتقىق قىلىش، سىناق قىلىش، كېڭەيتىش بىر گەۋدىلەشكەن پەن ـ تەتقىقات كوللېكتىپى تەشكىللەپ، بىر تەرەپتىن تەجرىبە قىلىپ، بىر تەرەپتىن ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ، بىر تەرەپتىن قۇرۇلۇش قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىپ، بىر تەرەپتىن ئۆستۈرۈپ، كۆپ يىل ئۆتكەلگە سىجىل ھۇجۇم قىلىپ، يېڭى بىر ئەۋلاد تېيىز قاتلام قويۇق نېفتى، ئادەتتىن تاشقىرى قويۇق نېفت ئېچىش تېخنىكىسىنى ئىگىلەپ، قويۇق نېفت قېزىش تېخنىكىسى چەت ئەللەر تەرىپىدىن مونوپول قىلىنىش قىيىن ئەھۋالىنى بۇزۇپ تاشلىدى.

سۈن شىنگى مۇنداق تونۇشتۇردى: شىنجاڭ نېفتلىك شىركىتى قويۇق نېفت ئېچىش تېخنىكىسى بويىچە جەمئىي 75 كەشپىيات پاتېنتى، 165 ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان يېڭى تىپتىكى پاتېنت، 11 تۈردە يۇمشاق ماتېرىيال ئەسەر ھوقۇقى، 23 تۈردە تېخنىكا مەخپىيىتىگە ئېرىشتى، 20 تۈرلۈك ساھە ئۆلچىمى تۈزدى، تۈزىتىش كىرگۈزدى، ئۈچ قېتىم شەرەپ بىلەن «جۇڭگو نېفت پەن ـ تېخنىكىسى بويىچە ئون چوڭ ئىلگىرىلەش» شەرىپىگە ئېرىشتى.

«يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، شىنجاڭ قويۇق نېفت قېزىش تېخنىكىسىدا يېڭىلىق يارىتىش نەتىجىلىرىنى ‹1+3› بىلەن ئىپادىلەشكە بولىدۇ. ئادەتتىن تاشقىرى قويۇق نېفت قېزىش، ئالاھىدە قويۇق نېفت قېزىش نىسبىتى تۆۋەن بولۇش ۋە قالدۇق قېزىلما قېزىشتىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئەھۋالغا قارىتا، شىنجاڭ قويۇق نېفت ئېچىشتا ئاساسلىقى ئۈچ تۈرلۈك قېزىش تېخنىكىسىدا يېڭىلىق يارىتىشنى ئىشقا ئاشۇردى؛ نېفت ـ گاز قېزىشتىن چىققان سۇيۇقلۇقنى بىر تەرەپ قىلىشقا قارىتا، يەنە بىر تۈرلۈك مۇھىت ئاسراش تېخنىكىسىدا بۆسۈش ھاسىل قىلدى. كۆپ تۈرلۈك تېخنىكا قويۇق نېفت قېزىشتىكى دۇنياۋى قىيىن مەسىلىلەردە بۆسۈش ھاسىل قىلىپ، خەلقئارا ئىلغار سەۋىيەگە يەتتى»، دېدى جۇڭگو نېفتى چارلاش ـ ئېچىش تەتقىقات يۇرتىنىڭ مۇتەخەسسىسى ما دېشېڭ.

ئۆتكەلگە سىجىل ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق، نۆۋەتتە، شىنجاڭ نېفتلىك شىركىتى قويۇق نېفتنى سانائەتلەشتۈرۈپ ئېلىش نىسبىتىنى 60%تىن يۇقىرىراق ئۆستۈرۈپ، ئەنئەنىۋى تېخنىكىغا سېلىشتۇرغاندا 30 پىرسەنت پوئېنتتىن كۆپرەك ئۆستۈردى.

«بىزنىڭ قويۇق نېفت قېزىش تېخنىكىمىز گەرچە چەت ئەل تېخنىكىسى ئاساسىدا باشلانغان بولسىمۇ، ئەمما شۇنچە كۆپ يىل ئۆز ئالدىمىزغا يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق، ‹ئەگىشىپ يۈگۈرۈش›تىن ‹تەڭ يۈگۈرۈش›كىچە، ئاندىن ‹يېتەكلەپ يۈگۈرۈش›كىچە بولغان ھالقىشنى ئىشقا ئاشۇردۇق» دېدى سۈن شىنگى ئىپتىخارلىق بىلەن.

## ■ مەھسۇلاتلار پىششىقلاپ ئىشلىنىپ دۆلەتكە شان ـ شەرەپ كەلتۈرۈلدى

ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتىشقا تايىنىپ، شىنجاڭنىڭ قويۇق نېفتىنى «قېزىپ ئالغىلى» بولۇپلا قالماي، يەنە ئۇنىڭدىن «ياخشى پايدىلانغىلى بولىدۇ». «قېزىشنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى زور بولسىمۇ، لېكىن شىنجاڭ نېفتلىكىنىڭ قويۇق نېفت قېزىشتا پايدا ئېلىشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ، ئەگەر ئىنچىكە پىششىقلاش ھالقىسىدىكى پايدىنى قوشقاندا، پايدا تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك بولىدۇ» دېدى ما دېشېڭ.

قاراماي نېفت ـ خىمىيە سانائىتى 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن باشلاپ قويۇق نېفتنى سىناق تەرىقىسىدە چەككىلىدى، پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشقا تايىنىپ قويۇق نېفت پىششىقلاش يۈرۈشلۈك تېخنىكىسىنى شەكىللەندۈردى ھەم يۈرۈشلۈك ئۆزگىچە مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىپ، قويۇق نېفتنى ئىنچىكە پىششىقلاشتىن ئىبارەت بۇ خەلقئارا خاراكتېرلىك قىيىن مەسىلىنى ھەل قىلدى. قاراماي نېفت ـ خىمىيە سانائىتى باشلامچى بولۇپ يوللىغان «سىكلوئالكىل قويۇق نېفتى ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئالىي مەھسۇلات تېخنىكىسىنى تەتقىق قىلىپ ئېچىش ۋە سانائەتلەشتۈرۈپ ئەمەلىي قوللىنىش» تۈرىمۇ شۇ سەۋەبلىك دۆلەت پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

«يۈرۈشلۈك تېخنىكا سانائەتتە قوللىنىلغاندىن كېيىن، يۇقىرى قوشۇلما قىممەتتىكى ئۆزگىچە مەھسۇلاتلارنى تەتقىق قىلىپ ئېچىش ۋە رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇشنى كۈچلۈك تىرەك بىلەن تەمىنلىدى» دېدى قاراماي نېفت ـ خىمىيە سانائىتى پەن ـ تېخنىكا باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى لى رۇڭ.

قاراماي نېفت ـ خىمىيە سانائىتى سىكلوئالكىل نېفتىنى خام ماتېرىيال قىلىپ ئىشلەپچىقارغان ترانسفورماتور مېيى، توڭلىتىش ئاپتولى، كاۋچۇك تولدۇرما مېيى قاتارلىق مەھسۇلاتلار دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى بازارلاردا قارشى ئېلىشقا ئېرىشتى، كۆپ تۈردىكى مەھسۇلات دۆلەت ئىچىدىكى بوشلۇقنى تولدۇردى. «سىكلوئالكىل مېيىنى تەتقىق قىلىپ ئېچىشتا دۆلەت ئىچىدە ئالدىنقى ئورۇنغا ئۆتۈپ، خەلقئارا ئىلغار سەۋىيەگە يەتتۇق» دېدى قاراماي نېفت ـ خىمىيە سانائىتى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش ئىنژېنېرى جىن شىنپىڭ.

قاراماي نېفت ـ خىمىيە سانائىتى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى نېفت چەككىلەش خىمىيە سانائىتى تەتقىقات يۇرتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى كې يوۋشېڭ پەن ـ تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان 24 يىلدا قويۇق نېفتنى ئىنچىكە پىششىقلاش تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىگە گۇۋاھ بولدى. ئۇ مۇخبىرلارغا مۇنداق دېدى: «ھەر بىر قېتىملىق پەن ـ تېخنىكىدا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ ئارقىسىدىكى چەت ئەللەرنىڭ تېخنىكىنى قامال قىلىشى ياكى خەلقئارا سودا توسۇقىغا دۇچ كېلىش بولۇپ، دەل مۇشۇ قارشىلىق كۈچلەر بىزنىڭ توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەش روھىمىز ۋە ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىش جاسارىتىمىزنى ئۇرغۇتۇپ، بىزنىڭ كەينى ـ كەينىدىن مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشىمىزگە تۈرتكە بولدى».

بۈگۈنكى كۈندە، قاراماي نېفت ـ خىمىيە سانائىتى قويۇق نېفت پىششىقلاشتا زور دەرىجىدە ھالقىشنى ئىشقا ئاشۇردى، 2018 ـ يىلى قويۇق نېفت يىللىق پىششىقلاش ئىقتىدارى 3 مىليون توننىدىن ئاشتى.

جۇڭگولۇقلارنىڭ قويۇق نېفت قېزىش ساھەسىدە ئۆز ئالدىغا تەتقىق قىلىپ ئېچىشى ۋە يېڭىلىق يارىتىشى شىنجاڭ نېفتلىكى قويۇق نېفت مەھسۇلات مىقدارىنىڭ ئاتلىنىشىغا تىرەك بولۇپلا قالماي، يەنە پۈتۈن يەر شارىدىكى ئوخشاش كەسىپتىكىلەرنى ئۆرنەك قىلىشقا بولىدىغان، كېڭەيتىشكە بولىدىغان جۇڭگو تەجرىبىسى ۋە جۇڭگو تېخنىكىسى بىلەن تەمىنلىدى، ئالاقىدار تېخنىكىلار قازاقىستان، كانادا، ۋېنېزۇئېلا، سۇدان قاتارلىق دۆلەتلەردە مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا قوللىنىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر بىرلەشمىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن كېڭەش باشلىقى

## مۇھەممەت نىياز ئىنتىزام ۋە رېۋىزىيە جەھەتتىن تەكشۈرۈلۈۋاتىدۇ

**ئۆز خەۋىرىمىز** ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر بىرلەشمىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن كېڭەش باشلىقى مۇھەممەت نىياز ئىنتىزامغا، قانۇنغا ئېغىر خىلاپلىق قىلغانلىق گۇمانى بىلەن، نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى تەرىپىدىن ئىنتىزام ۋە رېۋىزىيە جەھەتتىن تەكشۈرۈلۈۋاتىدۇ.

شىنجاڭ ئىلى دەرياسى ئېقىن رايونىنى ئېچىش قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى پارتكومىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى

## لى پېڭ ئىنتىزام ۋە رېۋىزىيە جەھەتتىن تەكشۈرۈلۈۋاتىدۇ

**ئۆز خەۋىرىمىز** شىنجاڭ ئىلى دەرياسى ئېقىن رايونىنى ئېچىش قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى پارتكومىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى لى پېڭ ئىنتىزامغا، قانۇنغا ئېغىر خىلاپلىق قىلغانلىق گۇمانى بىلەن، نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى تەرىپىدىن ئىنتىزام ۋە رېۋىزىيە جەھەتتىن تەكشۈرۈلۈۋاتىدۇ.